# سۇلايمان قۇرغان ئىبادەتخانا —

## بۇ سۈرەت يان تېمى چىقىرىۋېتىلىپ، ئىچى ئېنىق كۆرسىتىلگەن سۈرەت

سۇلايمان پادىشاھ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 960 ياكى 959-يىلى «پەرۋەردىگارنىڭ ئۆيى»نى يېرۇسالېمدا موريا تېغىدا قۇرۇشقا باشلىدى («پادىشاھلار (1)» 1:6، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 2-1:3). يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆينى پۈتكۈزدى («پادىشاھلار (1)» 38:6).
ئىبادەتخانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (چۆرىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ھۇجرىلارنى ھېسابلىمىغاندا) 60 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 30 گەز. ئىبادەتخانىنىڭ ھويلىسى ئەتراپىغا چوڭ پاسىل تام چۆرۈلگەن.

ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ ئىچىدىكى ئۆيى («ئەڭ مۇقەددەس جاي»)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 20 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:15-29، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:8-14). ئىككى يوغان كېرۇب «ئەھدەساندۇقى»نىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇردى؛ ھەربىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 گەز، ھەربىرىنىڭ بىر قانىتىنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قانىتىنىڭ ئۇچىغىچە 10 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:23-28).
ئەھدە ساندۇقى ئىككى كېرۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلدى («پادىشاھلار (1)» 8:1-11، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 5:2-14نىمۇ كۆرۈڭ).




ئىبادەتخانىدىكى «مۇقەددەس جاي»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 گەز، كەڭلىكى 20 گەز («پادىشاھلار (1)» 6:15، 17-18، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:5-7نىمۇ كۆرۈڭ).
ئىچىدە ئالتۇن «خۇشبۇيگاھ»، «تەقدىم نان» قويۇلىدىغان ئالتۇن شىرە ۋە ئون ئالتۇن چىراغدان (بەشى شىمال تەرىپىگە، بەشى جەنۇب تەرىپىگە) قويۇلغان («پادىشاھلار (1)» 7:48-49، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:7).

شىمال تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «ياقىن» دەپ،
جەنۇب تەرەپتىكى كاۋاك تۈۋرۈك «بوئاز» دەپ ئاتىلىدۇ («پادىشاھلار (1)» 7:21، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 3:17)

«مۇقەددەس جاي»نىڭ ئالدىدىكى ئايۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 10 گەز ئىدى («پادىشاھلار (1)» 6:3، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:3)

«دېڭىز» دەپ ئاتالغان يوغان داس، ئېگىزلىكى 5 گەز، دىئامېترى 10 گەز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ بات (44000 لىتر) سۇ سىغاتتى. داس ئون ئىككى بۇقا شەكلى ئۈستىدە تۇرغۇزۇلغان؛ بۇلار ئۈچتىن-ئۈچتىن بولۇپ، تۆت تەرەپكە يۈزلەنگەن («پادىشاھلار (1)» 7:23-26، «تارىخ-تەزكىرە (2)»
4:2-5 نىمۇ كۆرۈڭ).

ئارچا ياغىچىدىن ياسالغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق ئىككى ئىشىك ئايۋان ۋە «مۇقەددەس جاي»نى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادىشاھلار (1)» 6:33-35)

كۆيدۈرمە قۇربانلىقلار ئۆتكۈزۈلىدىغان مىس قۇربانگاھنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 گەز، كەڭلىكى 20 گەز، ئېگىزلىكى 10 گەز ئىدى («تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:1)

ئون «يۇيۇش دېسى» مىستىن ياسالغان؛ كۆيدۈرمە قۇربانلىقلارغا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم-ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا يۇيۇلاتتى («پادىشاھلار (1)» 7:27-38، «تارىخ-تەزكىرە (2)» 4:6).

مۇقەددەس جاي بىلەن كالامخانا (ئەڭ مۇقەددەس جاي)نىڭ ئوتتۇرىسىغا زەيتۇن ياغىچىدىن ئېتىلگەن، چىرايلىق نەقىشلەنگەن قوش ئىشىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.
ئۇلار ئالتۇن بىلەن قاپلانغان («پادىشاھلار (1)» 6:31-32).

ئىبادەتخانىنىڭ تېمىغا يانداش ئۈچ قەۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش ياسالغان. تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 5 گەز، ئوتتۇرا قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 6 گەز، ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ كەڭلىكى 7 گەز ئىدى؛ ھەربىر قەۋەتتە ھۇجرىلار ياسالغان (بىر گەز = 460mm).
(«پادىشاھلار (1)» 6:5-6، 8، 10).